# ياخشى سۆز سائادەت،
# يامان سۆز نادامەت

يازغۇچى:بىلال

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# ياخشى سۆز سائادەت،

# يامان سۆز نادامەت

بىلال

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

شۇبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار الله قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

رەب تائالانىڭ دوستى، پەيغەمبەرلەر سەييىدى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋزىلى، مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسى، ھەقىقەتنىڭ ئەلچىسى، الله تائالانىڭ ئىنسانىيەتكە قىلغان رەھمىتى، ئامانەتنى ئادا قىلغۇچى، ئۇممەتكە نەسىھەت قىلغۇچى ۋە تەقۋادارلار ئىمامى رەسۇلۇللاھ ﷺ بەخت ـ سائادەتنىڭ ئىشكى ھەمدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىنىڭ ئاساسي مەقسىتى ۋە دەۋىتىدىكى روشەن پروگراممىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم».[1]

شۇبھىسىزكى، بىر كىشىنىڭ ئەخلاقىنىڭ گۈزەل بولۇشى، ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىڭ مۇھىم تەلىپىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر».[2]

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

گۈزەل ئەخلاق بولسا بەخت ـ سائادەت، خاتىرجەملىك، ئادىللىق ۋە پاكلىق غالىب بولغان جەمئىيەتنىڭ تۈتقۈسى بولۇپ، گۈزەل ئەخلاق دەپسەندە بولغان ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنى تارىختىن بۇيان ھېچكىم مەدھىيىلەپ، ئاپىرىن ئوقۇپ ۋە ياكى ئالقىشلاپ باققان ئەمەس، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاق كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن ۋە تەقۋادارلىق جۈملىسىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى كامىل بولغىنى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىدۇر».[1] يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە ئەڭ كۆپ سەۋەب بولىدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللە قا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

تىل — بەدەندىكى بارچە ئەزالارنىڭ قوماندانى، قەلبنىڭ يادروسى ھەمدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى نىجاتلىقنىڭ مۇھىم تۈتقۇلىرىدىن بىرسى بولۇپ، تىل بۇزۇلسا، ئىمان، قەلب ۋە بارچە ئەزالار بۇزۇلىدۇ؛ تىل ئىسلاھ بولسا، ئىمان، قەلب ۋە بارچە ئەزالار ئىسلاھ بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسى تاڭ ئاتقۇزسا، بارلىق ئەزالىرى تىلغا يېلىنىپ ئېيتىدۇكى: ‹ئى تىل! بىز توغرىسىدا اللە تىن قورققىن، بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن جازالىنىمىز. ئەگەر سەن دۇرۇس بولساڭ بىزمۇ دۇرۇس بولىمىز، ئەگەر سەن ئەگرى بولساڭ بىزمۇ ئەگرى بولىمىز›».[3]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ۋە

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[3] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

دوزاختىن يىراق قىلىدىغان بىر ئەمەلنى دەپ بەرگىن» دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتىن سورىدىڭ، ئۇ ھەقىقەتەن الله ئاسان قىلىپ بەرگەن كىشىگە ئاساندۇر. الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغىن، ناماز ئوقۇغىن، زاكات بەرگىن، روزا تۇتقىن، يول جەھەتتە قادىر بولالىساڭ بەيتۇللاھنى ھەج قىلغىن» دېدى، ئاندىن: «مەن سېنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە باشلاپ قويايمۇ؟ روزا قالقاندۇر، سەدىقە ۋە بىر كىشىنىڭ يېرىم كېچىدە ئوقۇغان نامىزى خاتالىقنى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرۈۋېتىدۇ» دەپ، ﴿تَتَجَافَى جُنُوبُهُمْ عَنِ الْمَضَاجِعِ يَدْعُونَ رَبَّهُمْ خَوْفًا وَطَمَعًا وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُونَ ۞ فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۞﴾ «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن - كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ [16]. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ [17]»① دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى. ئاندىن: «مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە چوققىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى، مەن: «شۇنداق قىلغىن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى نامازدۇر ۋە چوققىسى جىھادتۇر» دەپ، ئاندىن: «مەن ساڭا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇختىلايدىغان

① سۇرە سەجدە 16 ـ، 17 ـ ئايەتلەر.

ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. مەن: «شۇنداق قىلغىن، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!» دېۋىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۇ تىلىڭنى يىغقىن» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز قىلغان سۆزلىرىمىزگىمۇ ھېساب بېرىمىزمۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھالىڭغا ۋاي! كىشىلەرنى دوزاخقا يۈزى بىلەن يىقىتىدىغان نەرسە پەقەت ئۇلارنىڭ تىللىرى سەۋەبلىكتۇر» دېدى.①

دېمەك، ئىنسان ھەر ۋاقىت تىلىنى غەيۋەت - شىكايەت، سۇخەنچىلىك، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، بۆھتان، سەت گەپ، ئىككى يۈزلىمچىلىك، باشقىلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دىلنى قاتۇرۇپ، قەلبنى بۇزىدىغان، پىكرنى بۇلغايدىغان، نىجاتلىقنى كەتكۈزىدىغان، زىكرنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان، رەببىگە باغلىنىشنى سۇسلاشتۇرىدىغان، تۇرمۇشتىكى بەرىكەتنى ئازايتىدىغان ۋە ئەقىلنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بۇنداق پايدىسىز ۋە بىھۇدە سۆز - ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىشى ھەمدە ھەر ۋاقىت ئېھتىيات قىلىشى، بولۇپمۇ تارىختىكى نۇرغۇن مۇجاھىدلارنىڭ ئەزىز قانلىرى بەدىلىگە فەتىھ بولغان ئىسلام زېمىنلىرى بۈگۈن مەلئۇن كاپىرلارنىڭ شېرىك ۋە بۇزۇقچىلىقلىرى بىلەن بۇلغىنىپ، نىجىس ئاياقلىرى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان، مەزلۇم - مەزلۇمەلەر الله تەرەپتىن بولغان مەدەتكارنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان، پۈتكۈل يەر - زېمىن مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئاجىز ئەھۋالىدىن ئەجەبلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، دىن نۇسرىتىگە ئات سالغۇچى ھەمدە يەلكىسىدە مۇشكۈل بىر ئامانەت، جاپالىق بىر مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈپ، ئۇممەت ئۈچۈن غەم چېكىۋاتقان مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاق دائىرىسىدىن ھالقىغان يۇقىرىقىدەك خەتەرلىك ھەم يامان سۆزلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى ۋە

① تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

شۇنداق بىھۇدە ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن جىددىي ۋەزىپىلەردىن بىخۇد بولۇشى تولىمۇ قايغۇلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. ئەخلاق دائىرىسىدىن ھالقىغان بۇنداق تىل ئايەتلىرى الله تائالاغا بولغان تائەت ـ ئىبادەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، قېرىنداشلار ئارا ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ؛ دىلنى قارىدىتىپ، ئەقىلنى كور قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش روھى سۇسلىشىپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ئېڭى ئۆلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق بىمەنە، ناچار ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ھەقىقىي مۇئمىن كىشىگە لايىق ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ ۞ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ ۞ وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ ۞﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى [1]. (شۇنداق مۇئمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (الله نىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر [2]. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر [3]».[1] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِنْ نَجْوَاهُمْ إِلَّا مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلَاحٍ بَيْنَ النَّاسِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ۋە ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 1ـ ئايەتتىن 3ـ ئايەتكىچە.

قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز».① الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يُحِبُّ اللَّهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلَّا مَنْ ظُلِمَ وَكَانَ اللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا ۞ إِنْ تُبْدُوا خَيْرًا أَوْ تُخْفُوهُ أَوْ تَعْفُوا عَنْ سُوءٍ فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ عَفُوًّا قَدِيرًا ۞﴾ «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا (ھەرقانداق كىشىنىڭ) ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى الله ياقتۇرمايدۇ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ زالىمدىن شىكايەت قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭغا دۇئايىبەت قىلىشىغا بولىدۇ)، الله (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىنى) ئاڭلىغۇچىدۇر، (زالىمنى) بىلگۈچىدۇر [148]. سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار (ساۋاب تاپىسىلەر). شۈبھىسىزكى، الله ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر [149]».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان پايدىسىز ئىشلارنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنىڭ ياخشى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر».③

ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن: «مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: <الله نىڭ زىكرىدىن (پايدىلىق سۆزلەردىن) باشقا سۆزلەر بىلەن كۆپ مەشغۇل بولماڭلار، بولمىسا قەلبىڭلار قېتىپ كېتىدۇ. قەلبى قاتقان كىشى الله تىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، ئەمما سىلەر بۇنى بىلەلمەيسىلەر>».④

ئەبۇ ئۇبەيدە ھەسەن مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ بىر بەندىدىن

① سۈرە نىسا 114- ئايەت.
② سۈرە نىسا 148-، 149- ئايەتلەر.
③ تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
④ ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» كىتابى 2- توم 753- بەت.

يۈز ئۆرىگەنلىكىنىڭ ئالامىتى، اللە نىڭ ئۇنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇش ئۇچۇن، ئۇنى بىمەنە ئىشلارغا مەشغۇل قىلىپ قويۇشىدۇر».[1]

## غەيۋەت

اللە تائالا ئاگاھلاندۇرغان، ئۇنى ئەيىبلىگەن، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنى چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن سانىغان غەيۋەت — ئىسلامدا قاتتىق چەكلەنگەن قەبىھ قىلمىشلاردىن بولۇپ، بۇيۇك اللە ئۇنى ئۆلۈك ئىنسانىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ﴾ «بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى[2] ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. اللە تىن قورقۇڭلار، اللە (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر».[3]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار: «اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېۋىدى، ساھابىلەر: «ئەگەر قېرىندىشىمدا بار بولغان ئىشنى دېسەمچۇ؟» دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا: «ئەگەر

[1] ئىبنى رەجەب ھەنبەلىنىڭ «جامع العلوم والحكم» كىتابى 100- بەت.

[2] غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.

[3] سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇنىڭدا يوق ئىشنى دېسەڭغۇ تۆھمەت قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭدا بار نەرسىنى ئېيتىشىڭ غەيۋەتتۇر» دېدى.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا تىرناقلىرى تۇچتىن بولغان، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى، مەيدىلىرىنى تاتىلاۋاتقان بىر قەۋمنى كۆردۈپ: ‹ئى جىبرىئىل، ئۇلار كىم؟› دېۋىدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ‹بۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىغان (غەيۋەت قىلىدىغان) ۋە ئابرۇيىنى تۆكىدىغان كىشىلەردۇر› دېدى».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، ئابرۇيى ۋە مېلى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر».[3]

ئۆزىمىزدە تۇرغىنىدا مىڭ ئەيىب،
تەرك ئەتكىن خەقنىڭ گەپ - سۆز ئىشنى.
ئالدىمىزدا تولۇپ تۇرسا نېئمەتلەر،
نېچۈن كېرەك «يېيىش ئىنسان گۆشىنى».

الله تائالا ئىنساننى ھۆرمەتلىدى، بارچە مەخلۇقاتلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئورۇنباسارى قىلىپ، پەرىشتىلەرنى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدى. ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ﴾ «شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق».[4] ﴿وَلَقَدْ خَلَقْنَا الْإِنْسَانَ وَنَعْلَمُ مَا تُوَسْوِسُ بِهِ نَفْسُهُ وَنَحْنُ أَقْرَبُ إِلَيْهِ مِنْ حَبْلِ الْوَرِيدِ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ياراتتۇق،

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] سۈرە ئىسرا 70- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەننى بىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز».[1] ﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً﴾ «بىلمەمسىلەركى، الله ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن (يەنى ماددىي ۋە مەنىۋىي) نېئمەتلەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى».[2] ئاندىن الله تائالا ئۇ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىپ، ئىماننى ئۇلارنىڭ قەلبىدە كۆركەم قىلىپ، ئۇنىڭغا زور ئىززەتنى ئاتا قىلدى. ﴿وَلِلَّهِ الْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِ وَلِلْمُؤْمِنِينَ﴾ «ئىززەت الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ».[3] ﴿إِنَّ اللَّهَ يُدْخِلُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يَتَمَتَّعُونَ وَيَأْكُلُونَ كَمَا تَأْكُلُ الْأَنْعَامُ وَالنَّارُ مَثْوًى لَهُمْ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ».[4] ﴿قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ﴾

[1] سۈرە قاف 16ـ ئايەت.
[2] سۈرە لوقمان 20ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇنافىقۇن 8ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە مۇھەممەد 12ـ ئايەت.

﴿اللَّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُوا﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى».[1] «اﷲ مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر».[2]

اﷲ تائالاغا بولغان ئىمانى، رەببىگە بويسۇنۇشى، اﷲ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىغا چاقىرىشى ۋە دىنىنىڭ قالقىنى بولغانلىق سەۋەبلىك ئىززەتلىك قىلغان، ئۆزىنىڭ دوستلىقىغا تاللىغان مۇئمىنلەرنىڭ، بولۇپمۇ يەر يۈزىنى ئىسلام بىلەن گۈللەندۈرۈپ، ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ، شەرىئەت ھىدلىرى بىلەن پۈركەندۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئالىي غايىسى قىلغان مۇجاھىدلارنىڭ ئىززىتىگە ۋە يۈز ـ ئابرۇيىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىش غەيۋەتنىڭ قەبىھلىرىدىندۇر.

شەيخ ئابدۇللاھ خالىد ئەلئەدىم ئۆزىنىڭ «التذاكر الجياد لأهل الجهاد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئومۇمىي ئىسلاھات ئەھلىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا داغ يەتكۈزۈش، بولۇپمۇ مۇجاھىدلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش بولسا، ئەھۋالى بىلىنمەيدىغان كىشلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە قارىغاندا قەبىھراقتۇر چۈنكى ئىسلاھات ئەھلىنىڭ، بولۇپمۇ مۇجاھىدلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلار ئەگىشىپ كېلىدۇ. رەببانىي ئۆلىمالارنى ۋە ئۆز ئۈممىتىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈۋاتقان ئىخلاسمەن مۇجاھىدلارنى ئەيىبلەش ئەمەلىيەتتە دىنىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئەگەشكەنلەرنى توسۇشتۇر».[3] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، غەيۋەت قىلىش جىھادىي جەمئىيەتنى

---

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 1ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 257ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «التذاكر الجياد لأهل الجهاد» 129ـ بەت.

يىقىتىشقا، مۇجاھىدلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتلىرىنى يېقىشقا، شۇنداقلا يامانلىق ۋە جېدەل - ماجرانى تارقىتىشقا يېتەرلىك بولىدۇ. نۇرغۇن جېدەل - ماجرالار غەيۋەت ۋە يۈز ئابرۇينى تۆكۈش سەۋەبلىك مەيدانغا كېلىدۇ. اللہ تائالانىڭ يولىغا چىققان كىشىلەر ئۇنداق ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىشى، تىلى ھەققىدە اللہ تىن قورقۇشى ۋە ئۆزىنىڭ جىھادىي جەمئىيەتنىڭ بىر تال خىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم. شۇنداقلا ئۇلار شۇ سەۋەبلىك جىھادقا ئۆز تەرىپىدىن يامانلىق كەلتۈرۈلۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشى، باشقىلارنىڭ مۇجاھىدلارغا بوھتان چاپلاپ، مۇجاھىدلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، يۈز - ئابرۇيلىرىنى تۆككەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى قوغدىشى ھەمدە مۇجاھىدلارنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىرىنى دەپسەندە قىلىشقا ھېچبىر كىشىگە يول قويماسلىقى لازىم». ①

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنىنىڭ (ئىمانىنىڭ كۈچلۈك - زەئىپ) ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىك دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. مۇئمىنىنىڭ ئىمانى قانچىلىك كامىل بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنىڭ گۇناھىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ». ②

غەيۋەتنىڭ گۇناھى شۇ غەيۋەت قىلغۇچى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، غەيۋەتكە قۇلاق سالغۇچى ۋە غەيۋەت سورۇنىدا بىللە ئولتۇرغۇچىنىمۇ گۇناھقا شېرىك قىلىدۇ. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭكى، غەيۋەتخورنىڭ غەيۋەت قىلىشى ھارام بولغىنىدەك،

---

① «التذاكر الجياد لأهل الجهاد» 130- بەت.

② ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» كىتابى 28- توم 225- بەت.

ئاڭلىغۇچىغىمۇ غەيۋەتكە قۇلاق سېلىش هارام بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، هارام قىلىنغان غەيۋەتنى باشلىغان كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كىشى ئاشكارا زىياندىن قورقمىسىلا ئۇنى توسۇش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر زىياندىن قورقسا، غەيۋەتنى قەلبى بىلەن ئىنكار قىلىشى ھەمدە شۇ سورۇندىن ئايرىلىش مۇمكىن بولسا، ئايرىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر تىلى بىلەن ئىنكار قىلىشقا ياكى يەنە بىر سۆز بىلەن غەيۋەتنى ئۇزۇۋېتىشكە قادىر بولسا، ئۇنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇزۇۋېتىش لازىم. ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىسا گۇناھكار بولغان بولىدۇ».[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «مۇئمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، الله (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَمِعُوا اللَّغْوَ أَعْرَضُوا عَنْهُ وَقَالُوا لَنَا أَعْمَالُنَا وَلَكُمْ أَعْمَالُكُمْ سَلَامٌ عَلَيْكُمْ لَا نَبْتَغِي الْجَاهِلِينَ﴾ «ئۇلار بىھۇدە سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ (يەنى قۇلاق سالماي): <بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن، بىز نادانلاردىن دوستلۇق تىلىمەيمىز> دەيدۇ».[3]

ئايرىم ئەھۋاللاردا دىنىي مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن غەيۋەت ئالتە

[1] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «الأذكار» كىتابى 339- بەت.

[2] سۈرە نۇر 19- ئايەت.

[3] سۈرە قەسەس 55- ئايەت.

تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام نەۋەۋى بۇ ئالتە تۇرلۇك سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچى، يەتكەن زۇلۇمنى شىكايەت قىلىش. سۇلتان ياكى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن «پالانچى ماڭا مۇنداق - مۇنداق زۇلۇم قىلدى» دېسە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ناچار ئىشلارنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش. گۇناھكارلارنى توغرا يولغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزگەرتىش قولىدىن كېلىدىغان كىشىگە: «مۇنداق يامان ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، پالانى مۇنداق گۇناھ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ، بۇنى توسقىن» دېيىش.

ئۈچىنچى، پەتىۋا سوراش ئۈچۈن پەتىۋا بەرگۈچىگە «ئائىلەمدىكىلەر ماڭا ناھەقچىلىك قىلىۋاتىدۇ» ياكى «پالانى مۇنداق زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟! قانداق قىلغاندا بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلىمەن ھەم ئۆزۈمنىڭ ھەققىگە ئېرىشەلەيمەن؟» دەپ چىقىش يولى سورىسا دۇرۇس. ئەڭ ياخشىسى سوئال سورىغاندا ئەينەن ئىسمىنى ئاتىماي، «پالانى مۇنداق بوپتىكەن» دېسۇن.

تۆتىنچى، مۇسۇلمانلارنى يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارغا سەمىمىي بولۇش يۈزىسىدىن غەيۋەت قىلىش، شۇنداقلا بەزىبىر ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ خاتالىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش، گۇۋاھچىلارنىڭ ناچارلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك بارلىق ئىشلاردىن ئىككىلەنمەستىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ۋاجىبتۇر.

بەشىنچى، پاسىق ياكى بىدئەتخورلۇق بىلەن ئاشكارا بولغان ئادەمنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى تىلغا ئېلىش.

ئالتىنچى، تونۇشتۇرۇش. ئەگەر بىر ئادەم توكۇر، گاچا، قارىغۇ، ئالغاي دېگەندەك لەقەملەر بىلەن تونۇشلۇق بولسا، ئۇ ئادەمنى

تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن لەقەملىرى بىلەن ئاتاش. لېكىن ئۇ ئادەمنى كەمسىتىش يۈزىسىدىن ئىشلىتىلسە ھارامدۇر.[①]

يىغىپ ئېيتقاندا، غەيۋەت — ئەمەللەرنى قىرقىيدىغان، ئىماننى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ پارچىلىنىشىغا، ناھەق قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە، نىزا - ئاداۋەتلەرنىڭ كۆپىيىشىگە، بەخت - سائادەتنىڭ كېتىشىگە، قوشۇنىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ يوقىلىشىغا، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىغا تىغ ئۇرىدىغان قەبىھ بىر قىلمىش بولۇپ، دۇنيادا الله نىڭ غەزىپى، ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا مۇئمىن كىشى بۇنداق خەتەرلىك گۇناھقا جىسمىدىن ئورۇن قويماسلىقى ۋە ۋۇجۇدىدىن تازىلاپ چىقىرىۋېتىشى لازىم.

## تۆھمەت

تۆھمەت — تارىختىن بۇيان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، ئۇلارنى ھاكىمىيەت سەھنىسىدىن يوقىتىپ ئۆزلىرىگە قۇل قىلىش، دىنىنىڭ يىلتىزىنى چىرىتىپ ساپ ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل پىلانلىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك قوراللىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. ئىسلامنىڭ تۈتۈنى بىلەنمۇ بىرلىشىشى ھېچھەم مۇمكىن بولمايدىغان بۇ قەبىھ قىلمىشنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتىدە، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى دەۋەتچى، ئالىم - ئۇستازلار ۋە مۇجاھىدلار سېپىدە ۋابا كېسىلىدەك كەڭ يامراپ كېتىشى كىشىنى تولىمۇ قايغۇغا سالىدۇ ۋە غەزەبلەندۈرىدۇ.

---

① ئىمام نەۋەۋىنىڭ «رياض الصالحين» كىتابى 425-، 426- بەتلەر.

مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىق رىشتىسىنى قۇرت كەبى چىرىتىپ، ئۇلارنىڭ بىرلىكىگە نىزا ـ ئادەۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىسلام سېپىنى پارچىلاپ تاشلايدىغان بۇ قەبىھ قىلمىشقا چۈشۈپ قېلىشتىن الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ لَمَسَّكُمْ فِي مَا أَفَضْتُمْ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ۞ إِذْ تَلَقَّوْنَهُ بِأَلْسِنَتِكُمْ وَتَقُولُونَ بِأَفْوَاهِكُمْ مَا لَيْسَ لَكُمْ بِهِ عِلْمٌ وَتَحْسَبُونَهُ هَيِّنًا وَهُوَ عِنْدَ اللَّهِ عَظِيمٌ ۞﴾ «سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [14]. ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، الله نىڭ نەزىرىدە ئۇ چوڭ گۇناھتۇر [15]».①

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جازانىنىڭ 72 تۈرى بار، ئەڭ يەڭگىلرەكىنىڭ (گۇناھى) ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان ئادەمگە ئوخشاش، ئەڭ ئېغىرى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشىدۇر».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «جازانىنىڭ ئەڭ يامىنى بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا ناھەق تىل تەگكۈزۈشتۇر».③

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىننى بىر مۇناپىقتىن ساقلاپ قالسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ گۆشىنى دوزاخ ئوتىدىن قوغدايدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. كىمكى بىر

① سۈرە نۇر 14ـ، 15ـ ئايەتلەر.
② تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇسۇلماننى كەمسىتىش ئۇچۇن بىر سۆز توقۇسا، الله ئۇنى تاكى گۇناھىدىن پاكلانغىچە جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكىگە قاماپ قويىدۇ».①

تۆھمەتنىڭ گۇناھىنىڭ قانچىلىك ئېغىر، زىيىنىنىڭ قانچىلىك يامان، ئۆزىنىڭ قانچىلىك بىر قەبىھ قىلمىش ئىكەنلىكىنى يەنە ئارتۇق چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشقا يۇقىرىقى ئايەت ـ ھەدىسلەر ئورۇن قويمىسا كېرەك!

## يالغانچىلىق

يالغانچىلىق ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەرقانداق بىر دىن ۋە ھەرقانداق بىر مىللەتتە يامان كۆرۈلگەن ۋە سۆكۈلگەن ئىش بولۇپ، ئۇ مۇئمىنلىك خىسلەتتىن يات بولغان ھەمدە نىفاقنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدىغان بىر سۈپەتتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمدە بۇ تۆت خىل سۈپەت تېپىلسا ئۇ ھەقىقىي مۇناپىقتۇر، كىمدە شۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلسا، تاكى شۇنى تاشلىمىغۇچە ئۇ كىشىدە مۇناپىقلىقنىڭ بىر خىسلىتى بولغان بولىدۇ: 1. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش؛ 2. سۆزلىسە يالغان سۆزلەش؛ 3. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق؛ 4. مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاش».②

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الْمُنَافِقِينَ لَكَاذِبُونَ﴾ «مۇناپىقلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر».③

ئەبۇ بەكرەتە نۇفەي ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

---

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

③ سۈرە مۇنافىقۇن 1ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەرگە چوڭ گۇناھلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. بىز: «شۇنداق قىلغىن، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى!» دېدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللە قا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ئاندىن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: «يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دەپ تەكرارلاۋەردى ھەتتا بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ توختاپ قالسىكەن دەپ ئۈمىد قىلىپ قالدۇق.①

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «اللە قا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان ئەخلاق يالغان ئېيتىشتۇر».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ قېرىندىشىغا يالغانچىلىق قىلمايدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاشلاپ قويمايدۇ».③

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «سىلەر ماڭا يالغان سۆزلىمەسلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماسلىق، كۆزلىرىڭلارنى نامەھرەمدىن، قوللىرىڭلارنى ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن يىغىش ۋە ئەۋرىتىڭلارنى ھارامدىن ساقلاشقا كېپىل بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولىمەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.④

سەۋەبىدۇر يالغانچىلىق، كاززاپلىق،
ئىككى دۇنيا نادامەتتە قالماقنىڭ.

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
② بەيھەقى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
④ تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

جەھەننەمدىن ئاگاھ بولغىن ئەي ئىنسان،
يالغانچىلىق سۈپىتىدۇر نىفاقنىڭ.

كۆلكە ـ چاقچاقلاردا يالغان سۆزلەشمۇ ھەم ئوخشاشلا گۇناھتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلىگەن كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي، ھالىغا ۋاي، ھالىغا ۋاي!»[①].

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «گەرچە ھەق ئۆزىدە بولسىمۇ جېدەللىشىشنى تەرك ئەتكەن كىشىگە جەننەتنىڭ يېنىدىن بىر ئۆي بېرىلىدىغانلىقىغا كېپىللىك بېرىمەن، چاقچاقتىن بولسىمۇ يالغان ئېيتمىغان كىشىگە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بېرىلىدىغانلىقىغا كېپىللىك بېرىمەن، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىگە جەننەتنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدىن بىر ئۆي بېرىلىدىغانلىقىغا كېپىللىك بېرىمەن»[②].

يالغان ئېيتىش ئەسلىدە ھارام بولسىمۇ ئەمما بەزى ئەھۋاللاردا بىر نەچچە شەرتلەر ئاساسىدا دۇرۇس بولىدۇ. يالغانچىلىقنىڭ دۇرۇس بولىدىغان ئورۇنلىرىنى ئىمام نەۋەۋى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۆز ئىنسان مەقسىتىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىدىغان قورالدۇر. ھەرقانداق ياخشى مەقسەتنى يالغان ئېيتماي ئىپادىلەش مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭغا يالغان ئارىلاشتۇرۇش ھارامدۇر؛ ئەگەر ئۇنى يالغان ئارىلاشتۇرماي ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىسا، يالغان ئارىلاشتۇرۇلسا بولىدۇ. يالغان سۆزلەشنىڭ زۆرۈرلىكى شۇنىڭغا قاراپ بولىدۇكى، مەقسەتكە ئېرىشىش زۆرۈر بولمىسا يالغان ئېيتىشمۇ زۆرۈر بولمايدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى ياكى مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالماقچى بولغان زالىمدىن يوشۇرۇنىۋالغان بولسا، بىلگەن

---

① تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بار يېرىنى زالىملارغا دەپ بەرمەي يالغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ ئۇنى يوشۇرۇپ قىلىشى، ئەگەر سوراشتە قىلسا، كىشىلەرنىڭ: «مەن بىلمەيمەن» دەپ يالغان ئېيتىشى ۋاجىبتۇر. ئۇنداق قىلماي ئۇنىڭ بار يېرىگە زالىملارنى باشلاپ قويسا ياكى سوراشتە قىلغاندا بار يېرىنى دەپ بەرسە قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر كىشىنىڭ قېشىدا باشقىلارنىڭ ئامانىتى بولغان بولسا، زالىملار ئۇنى تارتىۋالماقچى بولغاندا ئۇ كىشىنىڭ يالغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ بولسىمۇ ئۇنى ساقلاپ قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئۇنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك يالغان سۆز ۋە يالغان ۋاستىلەرنى قوللانسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەكسىچە يالغان ۋاستىلەرنى قوللانماي ئۇنى زالىملارغا تارتقۇزۇپ قويۇش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئورۇنلاردا يۈزدە - يۈز يالغان ئېيتماي سۆزلىگۈچىگە راست، ئاڭلىغۇچىغا يالغان بولىدىغان ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى تېپىپ قۇتۇلالىسا، بۇ يۈزدە - يۈز يالغان ئېيتقاندىن ياخشىراق، ئەگەر ئۇنداق سۆزلەرنى تاپالمىسا ياكى ئۇ سۆزلەر بىلەن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، يۈزدە - يۈز يالغان ئېيتسىمۇ بولىدۇ.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يالغاندىن ياخشى گەپ قىلغان كىشى يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياخشىلىقنى بەرپا قىلسۇن، ياخشىنى سۆزلىسۇن».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «يالغان سۆزلەش پەقەت ئۈچ ئىشتىلا دۇرۇس. بىرىنچى، بىر كىشىنىڭ ئايالىنى خۇش قىلىشى ئۈچۈن يالغان سۆزلىشى؛ ئىككىنچى، جەڭ؛ ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ

---

[1] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «رياض الصالحين» كىتابى 433-، 434- بەتلەر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاربسىنى ئىسلاھ قىلىش». [1] «بىر كىشىنىڭ ئايالىنى خۇش قىلىشى ئۈچۈن يالغان سۆزلىشى» دېگەنلىك ھەرگىز ئەر - ئايالىلارنىڭ بىرسى يەنە بىرسىگە خىيانەت قىلىپ بولۇپ، ئۇنى يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسە بولىدۇ ياكى يالغان سۆزلەر بىلەن ئالداپ بىرسى - بىرسىنى ئەخمەق قىلىپ ئالدىسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىرسىنىڭ يەنە بىرسىگە خىيانەت قىلىشى ياكى يالغان سۆزلەر بىلەن ئەخمەق قىلىشى ئىسلام دىنىدا قاتتىق چەكلەنگەندۇر. بۇ يەردە رۇخسەت قىلىنغان بىر - بىرىگە يالغان ئېيتىش شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىككىسى بىر - بىرىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ياكى بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ئىكەنلىكىنى يالغان سۆزلەر بىلەن ئىزھار قىلسا بولىدۇ.

خۇددى يالغانچىلىق ھەرقانداق بىر دىن ۋە ھەرقانداق بىر مىللەتتە يامان كۆرۈلگەن ۋە سۆكۈلگەن ئىش بولغىنىدەك، راستچىللىقمۇ ھەر زامان، ھەرقانداق بىر مىللەتتە مەدھىيىلىنىپ، ئاپىرىن ئوقۇلۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تۆھمەت قىلغان، چىدىغۇسىز ئېغىر ئەزىيەتلەرنى بەرگەن، ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن ۋە يۇرتىدىن قوغلاپ چىقارغان مەككە مۇشرىكلىرىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ راستچىللىقى توپەيلى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى، ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆزئارا ئىختىلاپلىرىدا ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ سافا تېغىغا چىقىپ، قۇرەيش ئايماقلىرىغا: «ئى فىھرى جەمەتى! ئى ئەدى جەمەتى!» دەپ پۈتۈن قۇرەيش ئايماقلىرىنى چاقىردى. كېلەلمىگەنلەر

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتتى. قۇرەيش خەلقى يىغىلدى، ئەبۇ لەھەبمۇ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ، ئەگەر مەن سىلەرگە 'مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ئاتلىق قوشۇن بار، سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى' دەپ خەۋەر بەرسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دېۋىدى، ئۇلار: «ھەئە، ئىشىنىمىز، بىز ئەزەلدىن سېنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ باقمىغان» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابنىڭ ئالدىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېدى.[1]

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «راستچىللىق دېگىنىمىز، سۆزنىڭ قەلبكە ۋە بېرىلگەن خەۋەرگە ئۇيغۇن كەلمىكىدۇر. ئەگەر مەزكۇر ئىككى شەرتتىن بىرەرى تېپىلمىسا، ئۇ سۆز راست ئەمەس بەلكى يالغان سۆز بولىدۇ ياكى ئىككى خىل ئېتىبارغا ئاساسەن، راست بىلەن يالغاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىسالدى سۆز بولىدۇ. خۇددى مۇناپىقنىڭ: 'مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى' دېگەن سۆزىگە ئوخشاش. ئېيتىلغان خەۋەر شۇنداق راست خەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى راست سۆزلىدى دېيىشكە بولىدۇ. سۆزى قەلبىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن يالغان سۆزلىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ».[2]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَكُونُوا مَعَ الصَّادِقِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله تىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار».[3]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ھەقىقەتەن

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] «فتح الباري» 10ـ توم 570ـ بەت.

[3] سۇرە تەۋبە 119ـ ئايەت.

ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم راست سۆزلەۋەرسە، ھەتتا الله نىڭ نەزىرىدە راستچىل دەپ يېزىلىدۇ؛ يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم يالغان سۆزلەۋەرسە، الله نىڭ نەزىرىدە كاززاپ دەپ يېزىلىدۇ».[1]

ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «خۇددى يالغانچىلىق بارچە يامانلىقنىڭ ئاچقۇچى بولغىنىدەك، راستچىللىق بارچە ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر».[2]

## سۇخەنچىلىك

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيْلٌ لِكُلِّ هُمَزَةٍ لُمَزَةٍ﴾ «(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي!».[3]

زىرىق قارىھاجىم ئۆز تەپسىرىدە بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر ئايەت ئىسلام ئەھلىگە نەسىھەت قىلىپ، باشقىلارغا قەستەن ئازار بېرىش مەقسىتىدە كىشىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدا يامان گېپىنى قىلىدىغان، ئاساسسىز گەپلەرنى توشۇيدىغان، غەيۋەت قىلىپ، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدىغان ئۇسال قىلىقلارنى قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ خىل ئادەتنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ <وَيْلٌ> (لەنەت!) دېگەن.

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كالامىدا بۇ خىل يامان قىلىقنى ئادەت قىلغان ئادەمنى يەنە جەھەننەمدىكى <ۋەيلۇن> دەپ ئاتىلىدىغان بىر جايغا تاشلاپ جازالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇنداق ئىكەن، قۇرئان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «الاستقامة» كىتابى 1ـ توم 467ـ بەت.

[3] سۈرە ھۇمەزە 1ـ ئايەت.

كەرىمگە ئىمان كەلتۈرگەن، قىيامەت كۈنىگە شەكسىز ئىشىنىدىغان مۇئمىن بەندىلەر اﷲ تائالا نەپرەتلەنگەن بۇ ئۇسال قىلىق، يامان ئادەتكە ھەرگىزمۇ يېقىن يولىماسلىقى ۋاجىبتۇر».①

ھەممامدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدۇق، ئۇنىڭغا: «بىر كىشى ئوسمانغا گەپ توشۇيدىكەن» دېيىلىۋېدى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ‹سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى.②

ئەبۇ لەھەبنىڭ خوتۇنى قالدى،
رەببىمىزدىن قارغىش ـ لەنەتكە.
سۇخەنچىلىك گۇناھى ئىدى،
بۇ يەتمەسمۇ ساۋاق ـ ئىبرەتكە.

## خۇلاسە

پۈتۈن دۇنيا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ قان ـ تۇمۇرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى توپلاۋاتقان؛ ئۇلارنى تاپقان يەردە قول قىلىپ، خورلاپ، ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈۋاتقان ھەمدە مۇسۇلمانلار اﷲ تەرەپتىن بولغان غەلىبە ـ نۇسرەت ۋە ئىززەتكە كۈچلۈك تەشنا بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، اﷲ تائالانىڭ نۇسرىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە، مۇسۇلمانلار بىرلىكىنىڭ پارچىلىنىشىغا ۋە ساپ ئىسلامنىڭ بۇلغىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان، شۇنداقلا فەتىھ بولغان ئىسلام رايونلىرىنىڭ قولدىن كېتىپ، شەھىدلەر قېنىنىڭ

① زىرىق قارىھاجىمنىڭ «ئەممە پارە تەپسىرى» كىتابى 1015 ـ بەت.
② بۇخارى رىۋايىتى.

زايە بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان يۇقىرىقىدەك تىل ئاپەتلىرى مۇئمىن - مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى مۇجاھىدلار سېپىدە يامراپ كېتىشى جىددى ئىسلاھ بولۇشى لازىم بولغان يامان قىلمىشلاردۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾ «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە (يەنى الله نىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگۈچە) الله ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى الله ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَصَابَكُمْ مِنْ مُصِيبَةٍ فَبِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ﴾ «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ».[2]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «گۇناھ قىلماي تۇرۇپ مۇسىبەت كەلمەيدۇ، تەۋبە قىلماي تۇرۇپ مۇسىبەت كەتمەيدۇ».[3]

ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «الله تائالا چىقارغان ھۆكۈمدە ئۆزىنىڭ ئەدلى - ئادالىتىنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ، الله تائالا بىر كىشىگە بەرگەن نېئمەتنى پەقەت شۇ كىشى سادىر قىلغان گۇناھ - مەئسىيەت سەۋەبىدىنلا

---

[1] سۈرە رەئد 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە شۇرا 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىبنى قەييىمنىڭ «الجواب الكافي» كىتابى 85- بەت.

ئۆزگەرتمىۋېتىدۇ».[①]

ئابدۇلقادىر بىن ئابدۇلئەزىز ئۆزىنىڭ «العمدة في اعداد العدة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى سەۋەبىدىن بولۇشىدىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىنىڭ تەرىپىدىن بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيىتى بىلەن دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئۆزلىرىگە قارشى يول ئېچىپ بېرىدۇ».[②]

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ۋە ھەمشىرەم! دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نادامەت بولغان تىل ئاپەتلىرىدىن ساقلىنىڭ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار سىزدىن نۇسرەتنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسۇنكى، ئىسلام غەلىبىسىگە زىيان سېلىشتىن ھەزەر قىلىڭ، الله تائالا سىز سەۋەبلىك ئىسلامغا نۇسرەت بەرسۇن ۋە مۇسۇلمانلارنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرسۇن.

وَاللَّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

---

[①] «تفسير ابن كثير» 4ـ توم 78ـ بەت.

[②] «العمدة في اعداد العدة» 222ـ بەت.

